# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شەنبە
كېڭزى يىلى 1 ـ ئاي
24951 ـ سان
بۈگۈن 2 بەت
1
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57


# ھەممە ئائىلە شاد ـ خۇراملىقتا چۈمۈپ بىرلىكتە گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى   مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى رىشتى چوڭقۇرلاشتى

## —— تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى چاغاننى خۇشال ئۆتكۈزمەكتە

### بىزنىڭ بايرىمىمىز . چاغاننى بىللە ئۆتكۈزۈش

چاشقان يىلىنى مۇبارەكلەپ، كېڭزى يىلىدىكى چاغاننى كۈتۈۋالدۇق. تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ھەممە يەر قويۇق چاغان كەيپىياتىغا چۈمۈپ، بەخت باش تېمىسى يەتكۈزۈلۈپ، كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلاندى.

ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى تۇغقانلاشقان كادىرلار چاغانلىق تىلەكلىرىنى ئېلىپ، بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەنتكە كېلىپ قوشماقلاشقان تۇغقانلىرىنى يوقلاپ، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە چاغان ئۆتكۈزدى.

#### ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر جەم بولۇپ چاغاننى تەبرىكلىدى

1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، دېھقانلار كالېندارى بويىچە چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى، خوتەن شەھىرى جىيا يېزىسى قوتازمەھەللە كەنتى. «ئىگەمبەردى ئاكا، ياخشىمۇسىز؟ مەن شياۋجىن.» شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى ئارقا سەپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جىن دېڭمىڭ چۈنلىيەن، بەخت خېتى ۋە چاغانلىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ، تۇغقىنى ئىگەمبەردى مەمەتنۇرنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. كۆرۈشۈپلا، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن قىزغىن قۇچاقلاشتى.

«ئائىلىڭىزدىكىلەر ياخشىمۇ؟ سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ باللار زاۋۇتتا ئىشلەشكە كۆنۈپ قالغاندۇ...» جىن دېڭمىڭ بىلەن ئىگەمبەردى ئەھۋاللاشتى، «خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ يىل كىرىمىمىز يامان ئەمەس، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايمىز، سىزنىڭ ياردىمىڭىزدە نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ غەيرەتكە تولغاندەك ھېس قىلدىم....»

جىن دېڭمىڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئاكامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، ئۆيدىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ئاساسەن يەڭگەم قىلىدۇ، قىزى بىلەن ئوغلى يېقىن ئەتراپتىكى زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ، مەن كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىمەن، ئۇنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم قىلىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمەن».

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتىنىڭ يەكەن ناھىيەسى بەشكەنت بازىرى تېرەكئاچال كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، يېڭى يىللىق پىلان ئۈستىدە كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشىپ، تەرەققىيات تەدبىرلىرىنى پىلانلىدى.

كەنت ئاھالىسى رىزۋانگۈل تۇرسۇننىياز مۇنداق دېدى: «ھازىر كەنتىمىزدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، بىز ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىلا پۇل تاپالايدىغان بولدۇق، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە رەھمەت، بۇ يىل بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرلىكتە تىرىشىپ، پىكاپ سېتىۋېلىپ، گۈزەل تۇرمۇشتىن ئوبدان ھۇزۇرلىنىمىز».

«2019 ـ يىلى مەن خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ 25 مىڭ يۈەن پۇل تاپتىم، پۈتۈن ئائىلىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ يىل تېخىمۇ تىرىشىپ، كۈنلىرىمنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزىمەن.» كەنت ئاھالىسى نۇرمەمەت ھەسەنمۇ تۇغقانلاشقان كادىر بىلەن بۇلتۇرقى ھوسۇل ۋە يېڭى يىللىق ئارزۇسىدىن تەڭ بەھرىمەن بولدى.

#### ئىللىق ئېقىم مەۋج ئۇرۇپ قەلب ئېتىزىنى سۇغاردى

چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ماناس ناھىيەسى لياڭجوۋخۇ بازىرى لياڭجوۋخۇ يېڭى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى، ماناس ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بېيۋۇچا بازىرى داماۋ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش»خىزمەت ئەترىتى ئايرىم ـ ئايرىم كەنتتىكى قارىغۇچىسى يوق ياشانغان يې چېڭخەي، جاۋ گۈيشېڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ياشانغانلارغا ھەمراھ بولۇپ چاغانلىق جەم بولۇش تامىقى يېدى. ئۆيدە كۆكتات يۇيدى، كۆكتات توغرىدى، مەشكە ئوت ياقتى، ئۆي يىغىشتۇردى. سىرتتا چۈنلىيەن چاپلىدى، ھويلىنى سۈپۈردى، كۆپچىلىك ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

شۇ كۈنى جاۋ گۈيشېڭنىڭ 70 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ، خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر ۋە كەنت كادىرلىرى مومايغا ئالاھىدە تۇغۇلغان كۈن تورتى ئېلىپ بەردى، كۆپچىلىك بىرلىكتە جياۋزى تۈگۈپ، قورۇما تەييارلىدى.

«ئانا، بۈگۈنكى تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە خۇشال بولدىڭىزمۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن باللىرىڭىز يېنىڭىزدا بولمىسا، بىز سىزنىڭ باللىرىڭىز، قانداق قىيىنچىلىقىڭىز بولسا بىز بىرلىكتە ھەل قىلىمىز، كۈنلىرىڭىز چوقۇم بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېدى ماناس ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بېيۋۇچا بازىرى داماۋ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى بى جۈنشىن جاۋ گۈيشېڭ مومايىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

ئاراتۈرۈك ناھىيەسى ئاداق يېزىسىدىكى خىزمەت ئورنىدا ئىشلەۋاتقان كادىرلارنىڭ ئىللىق، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك چاغان ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، ئاداق يېزىسىنىڭ مەركىزىي كەنتىدىكى ئاممىا ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ يېزا ئاشخانىسىغا 1500 جياۋزى ئەكېلىپ بەردى.

«كادىرلار جاپا چېكىپ ئاممىا ئۈچۈن بىر يىل مۇلازىمەت قىلدى، چاغان مەزگىلىدە يەنىلا خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، بىز جياۋزى تۈگۈپ، ئازراق كۆڭلىمىزنى ئىپادىلىدۇق، ئۇلارنىڭ ئەجرىگە رەھمەت» دېدى كەنت ئاھالىسى نىيازخان گالى.

جياۋزى يەپ، ئىللىق ئېقىم ھەربىر كادىرنىڭ قەلب ئېتىزىغا ئېقىپ كىردى.

#### بىر نىيەتتە قول تۇتۇشۇپ بېيىش يولىغا ئاتلىنىش

بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىدىكى 12 نەپەر كادىر چاغانلىق تىلەكلىرى ۋە گۈرۈچ، ياغ، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق يېڭى يىللىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ، چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى چۈشتىن كېيىن بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى چيىغانجىيەدە يېزىسىنىڭ سېكرۇۋ كەنتىگە كېلىپ تۇغقانلىرىنى يوقلىدى.

كەنت ئاھالىسى قارقىنبېك مۇپتىقان تۇغقىنى ياڭ شياۋدۇڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چاغاننى بىللە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئەتىگەندىلا ھويلا ـ ئارانلىرىنى تازىلاپ، تۇغقىنىنى كۈتۈۋالدى.

ياڭ تاغىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، باللار خۇشال ھالدا يۈگۈرۈپ بېرىپ چاغىنىنى تەبرىكلىدى. «چاغان كەلدى، سىلەرگە چىرايلىق يېڭى كىيىم ئېلىپ كەلدىم، تېز كېلىپ كىيىپ بېقىڭلار، يېڭى يىلدا ئۆگىنىشتە ئىلگىرىلىشىڭلارغا تىلەكداشمەن. بۇ يەردە يەنە گۈرۈچ، ئۇن، ياغ، كۆكتات بار، بۇ يىل چاغاننى بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بىللە ئۆتكۈزىمىز.» ياڭ شياۋدۇڭ سوۋغاتلارنى قويغاندىن كېيىن، تۇغقانلىرى بىلەن بىللە چۈنلىيەن چاپلىدى، بەخت خېتىنى ئاستى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



چاغان ئالدىدا، خوشۇت ناھىيەسى شېخو ئويۇنى سەيلە پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ھەر مىللەت ئاممىا بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، خۇشال ـ خۇرام ھالدا داقا ـ دۇمباق ساداسىغا جور بولۇپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بەختلىك تۇرمۇشتا بولغان مەدھىيەسى ۋە يېڭى بىر يىلدىكى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشنى ئىپادىلىدى. □ ۋاڭ لىنرۇڭ فوتوسى

### چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

# چۈنلىيەن چاپلاش، پانۇس ئېسىش، جياۋزى تۈگۈش، ئويۇن كۆرۈش

## —— پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاممىا چاغاننى ئىللىق ئۆتكۈزدى



1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، پەيزاۋات ناھىيەلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىا بىرلىكتە جياۋزى تۈگۈپ، ئويۇن كۆرۈپ، چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈننى بىللە ئۆتكۈزدى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ شياڭ

شوخ مۇزىكىغا ئەگىشىپ، ئۇسسۇلچىلار بىردەم بۇلۇتتەك لەرزان دەسسەپ ئوينىسا، بىردەم قۇيۇندەك پىرقىراپ، تۆۋەندە ئولتۇرغان تاماشىبىنلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشىغا ئېرىشەتتى.

1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، بىر مەيدان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنى پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاممىنى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى —— غولتوغراق بازارلىق 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلدى.

«ياخشى!» باشلىنىش ئۇسسۇلى قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى، تاماشىبىنلارنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق جىلۋىلەندى. «ئارقىدا تېخىمۇ ئېسىل نومۇرلار بار، كۆپچىلىك قانغۇچە كۆرەلەيسىلەر!» دېدى رىياسەتچى تاماشىبىنلار بىلەن ھەمتۈرتكە بولۇپ.

ناخشا، شياڭشېڭ، ئېتۇت، جىڭجۈ تىياتىرى... مول مەزمۇنلۇق نومۇرلار تاماشىبىنلارنى گاھىدا يېقىملىق ناخشا ساداسى ۋە لەرزان ئۇسسۇل بىلەن مەستخۇش قىلسا، گاھىدا قىزىق، يۇمۇرلۇق سۆز ئويۇنلىرى بىلەن قاقاقلاپ كۈلدۈرەتتى.

ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى ئاممىنىڭ چاغان مەزگىلىدىكى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، قويۇق بايرام كەيپىياتى يارىتىش ئۈچۈن، پەيزاۋات ناھىيەلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل تىياتىر ئۆمىكى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەرقايسى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا بېرىپ، نەچچە مەيدان ئېسىل «كۆرۈش ـ ئاڭلاش كاتتا مەرىكىسى»نى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ يېنىغا يەتكۈزدى.

«چاغان كەلدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە بۇنداق ياخشى ئويۇنلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە كۆپ رەھمەت.» غولتوغراق بازىرى توقۇل كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھۆرگۈل مامۇت مۇنداق دېدى: نەچچە كۈندىن بۇيان مەن ۋە ئائىلەمدىكىلەر كۈنلىرىمىزنى ناھايىتى مەنىلىك ئۆتكۈزدۇق، كۆڭلىمىز ناھايىتى خاتىرجەم.

ئويۇن قويۇلۇش بىلەن بىللە، غولتوغراق بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن بازار باشلىقى ۋاڭ فۇلى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى يېتەكلەپ، ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىكى ھەربىر بىنانى «پەردازلىدى»، چۈنلىيەن چاپلاپ، گۈل قىيىپ، پانۇس ئېسىپ ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بەزى ئاممىا بۇنى كۆرۈپ، كېلىپ ياردەملەشتى.

«چاغاندا جەم بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، بۇ يەردە بىز دەل بىر ئائىلە كىشىلىرى.» ۋاڭ فۇلى مۇنداق دېدى: «ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، پارتىيەنىڭ ئىللىقلىقى ۋە غەمخورلۇقىنى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ قەلبىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك، بىز يۇرتداشلار بىلەن بىرلىكتە قىيىن ئۆتكەلدىن بىللە ئۆتىمىز».

يەر تەۋرىگەندە، نۇرغۇن يۇرتداش ئالدىراش كېتىپ قالغاچقا، قوتاندىكى قوي، كالىلىرىدىن ئەندىشە قىلىشتى. شۇڭا يەرلىك ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرىپ بىرتۇتاش يەم ـ خەشەك سېتىۋالدى ھەم كەنت كادىرلىرىنى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ چارۋىلىرىنى مەركەزلىك بېقىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنى غەمدىن خالاس قىلدى.

«بىز بۇ يەردە تويغۇچە غىزالىنىپ، ئىسسىق كىيىنىپ، خاتىرجەم ئۇخلاۋاتىمىز، ئۆيىمىزدىكى قوي، كالىلاردىن غەم قىلمايمىز.» غولتوغراق بازىرى توقۇل كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەھلىيا تۇرسۇن مۇنداق دېدى: «بايرامنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈپ، ھېچنېمىدىن غەم قىلمىدۇق، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىز پۇقرالارنى بەك ئەتراپلىق ئويلىشىپتۇ».

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پەيزاۋات ناھىيەلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا رەخلەرگە چوڭ قىزىل پانۇسلار ئېسىلغان بولۇپ، يىراقتىن قارىغاندا شاد ـ خۇرام مەنزىرە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)